# قەرەللىك، قەرەلسىز (خاتىرە) ژۇرناللار

«يېڭى قاشتېشى ژۇرنىلى». خوتەن ۋىلايىتىدىكى بىردىنبىر ئەدەبىي ژۇرنال. 1979 - يىلى «كۇئېنلۇن ئەدەبىياتى» دېگەن نام بىلەن تۇنجى سىناق سانى نەشر قىلىنغاندىن باشلاپ هازىرغىچە 27 يىللىق نەشر هاياتىنى تاماملاپ، جەمئىي 142 سان نەشر قىلىنىپ، ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

ژۇرنال 1980 - يىلىدىن باشلاپ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ تەستىقىغا ئاساسەن «يېڭى قاشتېشى» دېگەن نام بىلەن رەسمىي پەسىللىك ئەدەبىي ژۇرنال تەرىقىسىدە نەشر قىلىنىپ ئاشكارا تارقىتىلىشقا باشلىغان، 1985 - يىلىغىچە جەمئىي 26 سان نەشر قىلىنغان. بۇ ۋاقىتتىكى ژۇرنال 16 كەسلەم، 112 بەت بولۇپ، مۇقاۋىسى ئادەتتىكى رەسىم ئىشلىتىلگەن رەڭسىز مۇقاۋا ئىدى. مۇقاۋىنىڭ ئىچكى يۈزىگە خوتەندىكى مەشھۇر سازەندىلەر، مەشھۇر شەخسلەر، ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ مۇھىم يىغىن - پائالىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلغان.

1986 - يىلىدىن باشلاپ قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنالغا ئۆزگەرتىلىپ، 16 كەسلەم، 96 بەت هەجىمدە نەشر قىلىنىشقا باشلىغان، تىتۇل، مۇندەرىجىسى ئىككى بەت، بەزى سانلىرىنىڭ مۇقاۋىسىنىڭ 1 -، 4 - بەتلىرى رەڭلىك، 2 -، 3 - بەتلىرى رەڭسىز بېسىلغان، ئادەتتىكى مىخ مەتبە هەرپى ئىشلىتىلگەن. 1998 - يىل 1 - سانىدىن باشلاپ ژۇرنال بەتلىرى كومپيۇتېر تېخنىكىسى ئارقىلىق لايىھەلەنگەن. 2001 - يىل 1 - سانىدىن باشلاپ مۇقاۋىنىڭ هەممە بەتلىرى رەڭلىك بېسىلغان. 2002 - يىلى خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىش نومۇرى بەرگەن. 2005 - يىلىدىن باشلاپ خەلقئارا ژۇرنال كەسلەم ئۆلچىمى بويىچە

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



چىقىرىلغان.

ژۇرنالدا ئاساسەن ساپ ئەدەبىياتقا تەئەللۇق بولغان نەسرىي ئەسەرلەر، نەزمىي ئەسەرلەر، يۇرت تەزكىرىلىرى، كلاسسىك ئەدەبىيات ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا ئائىت ئەسەرلەر، ئەدەبىيات تەتقىقاتىغا ئائىت پوبلىستىك ماقالىلەر، ئوبزورلار، بالىلار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى، چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر بېرىلگەن بولۇپ، ھازىرغىچە 25 پارچىدىن ئارتۇق پوۋېست، 650 پارچىدىن ئارتۇق ھېكايە، ئون مىڭ پارچىدىن ئارتۇق شېئىر ـ داستان، 200 پارچىدىن ئارتۇق كلاسسىك ئەسەر ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى، 100 پارچىدىن ئارتۇق ئوبزور ۋە ئەدەبىيات تەتقىقاتىغا ئائىت ماقالىلەر، 70 پارچىدىن ئارتۇق بالىلار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى، 80 پارچىدىن ئارتۇق چەت ئەل ۋە قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنىپ، كەڭ كىتابخانلارنىڭ ھۆزۈرىغا سۇنۇلغان.

ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەردىن ھەر خىل ژانىردا يېزىلغان 30 پارچە ئەسەر ئاپتونوم رايون بويىچە «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» غا، 300 پارچىدىن ئارتۇق ئەسەر ۋىلايەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى باھالاشتا 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن. ژۇرنالمۇ ئىدىيىۋىلىك ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتىن ساغلام، سۈپەتلىك نەشر قىلىنغاچقا، 2004 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسى ۋە شىنجاڭ قەرەللىك ژۇرناللار بىرلەشمىسى تەرىپىدىن 3 ـ قېتىم باھالانغان «ئىجتىمائىي پەن تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ تۇنجى سانى ۋە 1980 ـ يىللىق 4 ـ سانىغا قەدەر كەسپىي مۇھەررىر قويۇلمىغاچقا سابىق مەدەنىيەت ـ مائارىپ باشقارمىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە روزى سايىت، ئابدۇللا سۇلايمان ھەمدە ماموت زايىت قاتارلىقلار تەرىپىدىن چىقىرىلغان. 1981 ـ يىلىدىن باشلاپ 2003 ـ يىلىغىچە جاپپار ئەمەت، تۇرسۇن تۇرغۇن، ئابدۇرېھىم ئېلى، مەتقاسىم ئابدۇراخمان قاتارلىق يولداشلار ئىلگىرى ـ كېيىن ژۇرنالنىڭ مەسئۇللۇقىنى

ئۆتـىـگەن. ھازىر مىجىت باقى باش مۇھەررىرلىكنى، تۇرسۇنجان مۇھەممەد مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلىكنى ئۆتەپ كەلمەكتە.

ژۇرنـال نـەشر قىلىنغاندىن باشلاپ ھازىرغىچە جاپپار ئەمەت، ئابدۇرېھىم ئېلى، روزى سايىت، مەتقاسىم ئابدۇراخمان، ئابدۇخېلىل ئـابـدۇخـېـۋىـر، ئـەسئەت ئابدۇقادىر، دىلنۇر ئابلىز، تۇرسۇنجان مۇھەممەد، مەتسېلىم مەتقاسىم، داۋۇت ئادىل قاتارلىقلار كەسپىي تەھرىرلىك قىلغان ۋە تەھرىرلىك قىلىۋاتىدۇ.

ژۇرنالـىنىـڭ مەمـلىـكـەت ئىچـىدىكـى بىرتۇتـاش نـومۇرى CN65—1088/1 ، خـەلـقـئـارالـىق بـىـرتـۇتـاش نـومـۇرى ISSN 1002—929 ، چەت ئەللەرگە تارقىتىش نومۇرى BM6670 .

«كـۇئـېـنـلـۇن ئەدەبىياتى» (خەنزۇچە). قەرەلسىز ئەدەبىي ژۇرنال. «كۇئېنلۇن ئەدەبىياتى» تەھرىر بۆلۈمى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ، 1980 - يىل 5 - ئايدا «خوتەن گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا باستۇرۇلغان. 16 كەسلەم، 92 بەت.

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ 20 - ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىدىكى قايتىدىن جـۇش ئـۇرۇپ راۋاجـلىنىۋاتقان ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات سەمەرىسى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن بۇ ئەدەبىي ژۇرنالغا مـا جـاۋسـۇڭنىڭ «ئىنقىلابىي قۇربان چېن تەنچيۇنى ئەسلەيمەن» نـامـلـىـق ئـىنقىلاب ئەسلىمىسى، شيا گۇەنجۇنىڭ «خې لۇڭنىڭ ھاسىسى» ناملىق ھېكايىسى، ليۇ جىڭخۋانىڭ «ئۇنىڭ لەقىمى — قاپاق» ناملىق ھېكايىسى ۋە چىڭ ۋەنلى، لى شۆخۋا، ۋاڭ لىڭ، جۇ جىڭباۋ قاتارلىق 29 ئاپتورنىڭ شېئىرلىرى، ئەدەبىي ئاخبارات، تەقرىزلىرى كىرگۈزۈلگەن.

پەقەت بىر سانلا چىقىرىلغان بۇ ژۇرنالدىكى ئەسەرلەرنىڭ تېمىسى يېڭى، بەدىئىيلىكى يۇقىرى بولۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا، ئىناق ۋە مۇقىم ۋەزىيەتكە ئويناق شېئىرىي ھېسسىيات، ئاددىي - ساددا ۋەقەلىك سۈژىتلىرى ئارقىلىق مەدھىيە ئوقۇلغان. بۇ ژۇرنال ساقلاش قىممىتىگە ئىگە.

«خـوتـەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى». يەسلىلىك ئىلمىي ژۇرنال. مەكتەپ ئىلمىي ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى


تەرىپىدىن چىقىرىلىدۇ ۋە تارقىتىلىدۇ. بىرتۇتاش نومۇرى CN65—5025/G4—W.

تۈنجى سانى 1980-يىلى «ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات» نامى بىلەن چىقىرىلغان بۇ ئىلمىي ژۇرنالدا ھازىرغىچە 900 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىنىپ، مەكتەپنىڭ «كىتاب ئوقۇتۇپ، ئادەم تەربىيىلەش» ۋە ئوقۇش، پەن تەتقىقات ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى نامايان قىلىش بىلەن بىرگە، ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپلەر، كەڭ ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن ئىلمىي ۋە نەزەرىيىۋى جەھەتلەردىكى يېتەكچىلىك رولىنى جارى قىلدۇردى.

«شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى». ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئىلمىي تەتقىقاتى بويىچە چىقىرىلغان مەخسۇس كەسپىي ژۇرنال. 1991 - يىلى سىناق تەرىقىسىدە تۈنجى سان نەشر قىلىنىپ، ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلغان. 1998 - يىلى دۆلەت ئاخبارات - نەشرىيات مەھكىمىسى تەرىپىدىن دۆلەتلىك بىر تۇتاش نومۇرغا، 2000 - يىلى خەلقئارا ئۆلچەملىك ئۇدا نەشر قىلىنىدىغان نەشر ئەپكارلىرى نومۇر سىستېمىسى جۇڭگو دۆلەتلىك مەركىزى تەرىپىدىن خەلقئارالىق ئۆلچەملىك نومۇرغا ئېرىشىپ، مەملىكەت ئىچى - سىرتىغا ئاشكارا تارقىتىلىدىغان نوپۇزلۇق ژۇرنالغا ئايلانغان. 13 يىلدىن بۇيان 58 سان ژۇرنال نەشر قىلىنىپ، 1800 پارچىغا يېقىن ئىلمىي، نەزەرىيىۋى ماقالە ۋە تەرجىمە ماقالىلىرى ئېلان قىلىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا تۈرتكىلىك رول ئوينىغان.

«مەرىپەت مەشئىلى». خاتىرە ژۇرنال. تۈرى: ئۇنىۋېرسال. خوتەن پېداگوگىكا مەكتىپى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىنى تەبرىكلەشكە تەييارلىق كۆرۈش ئىشخانىسى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ 1998 - يىل 5 - ئايدا باستۇرۇلغان. باش مۇھەررىر: كامال تۇرۇپ، مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: ما شۈۋۈ، توختى غازى. مەسئۇل مۇھەررىر: ئەخمەتجان قۇربان. مۇھەررىر: توختىمۇھەممەت تۇردى. 16 كەسلەم، 153 بەت.

«مەرىپەت مەشئىلى» 1998 - يىلى ئىلگىرى - ئاخىر ئىككى

سان چىقىرىلغان بولۇپ، ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسىنىڭ ئىجازەتنامە نومۇرى بىلەن چىقىرىلغان بۇ ئىككى سان ژۇرنالغا مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىغا ئاتاپ يېزىلغان ماقالە، ئەسلىمە، شېئىر، باغۋەنلەر ۋە مەكتەپ مۇدىرلىرى ئالبومى قاتارلىقلار بېرىلگەن. مەكتەپنىڭ تارىخىي تەرەققىيات مۇساپىسى ئەتراپلىق يورۇتۇلغان. بۇ خاتىرە ژۇرنال ساقلاش ۋە پۇقىرى ماتېرىياللىق قىممىتىگە ئىگە.

«خوتەن پېداگوگىكا مەكتىپى ئوقۇتۇش تەتقىقاتى ئىلمىي ژۇرنىلى». تۈرى: ئۇنىۋېرسال ئىلمىي ژۇرنال. 1999 - يىلىدىن باشلاپ «مەرىپەت مەشئىلى» خاتىرە ژۇرنىلىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ قەرەلسىز چىقىرىلغان. مەكتەپ ئوقۇتۇش تەتقىقاتى ئىشخانىسى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ «خوتەن گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا 16 كەسلەمدە 152 بەتلىك چىقىرىلغان بۇ ئىلمىي ژۇرنالنىڭ باش مۇھەررىرلىكىنى مەكتەپ مۇدىرى مەتقاسىم مەنسۇر، مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلىكىنى لى خې، جۇ پىڭچىڭ، ما شۇۋۇ، ئۆمەرنىياز مەتنۇرى، توختى غازى؛ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىنى ئەخمەتجان قۇربان، مەتتۇرسۇن مەممتىمىز، توختىمۇھەممەت تۇردى ئۆز ئۈستىگە ئالغان.

بۇ قەرەلسىز ئىلمىي ژۇرنالدىكى ئىلمىي ماقالىلەر ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ ھەرقايسى پەنلەر ئوقۇتۇشى بويىچە يېزىلغان بولۇپ، ئۇ پېداگوگىكا مەكتىپى ئوقۇتقۇچىلىرىنى ئاساس قىلغان كەڭ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىلمىي پائالىيەت سەھنىسىدۇر. بۇ قەرەلسىز ئىلمىي ژۇرنال خوتەن پېداگوگىكا مەكتىپى بىلەن خوتەن مائارىپ ئىنستىتۇتى بىرلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن ھازىر «خوتەن مائارىپ ئىنستىتۇتى ئوقۇتۇش تەتقىقاتى ئىلمىي ژۇرنىلى» دېگەن نام بىلەن قەرەلسىز چىقىرىلىۋاتىدۇ.

«جىڭگاڭشەن». 1967 -، 1968 - يىللىرى چىرا ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئەدەبىيات كۇرۇژوكىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى شاپىگرافتا بېسىپ چىقارغان ژۇرنال. 16 كەسلەم، 32 بەت. ناھىيە ئىچىدىكى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەرگىچە تارقىتىلغان. جەمئىي

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



ئون سان چىقىرىلغان. ژۇرنالغا ئەدەبىيات كۇرۇژۇكى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆزلىرى ئىجاد قىلغان ئەدەبىي ئەسەرلىرى بېرىلگەن.

«قىزىل نۇر». ئەدەبىي ژۇرنال. 1972 - يىللارنىڭ ئالدى - كەينىدە چىرا ناھىيىلىك نۇرى ئوتتۇرا مەكتىپى ئەدەبىيات كۇرۇژۇكى ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ مەسئۇللۇقىدا شاپىگرافتا بېسىلغان. 16 كەسلەم، 26 بەت. ناھىيە ئىچىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەرگىچە تارقىتىلغان. جەمئىي تۆت سان چىقىرىلغان.

«كۆئىنلۈن چېچەكلىرى.» ئەدەبىي ژۇرنال. 1979 - يىللارنىڭ ئالدى - كەينىدە چىرا ناھىيىلىك نۇرى ئوتتۇرا مەكتىپى ئەدەبىيات كۇرۇژۇكى مەسئۇل بولۇپ شاپىگرافتا باستۇرغان. 16 كەسلەم، 32 بەت. ناھىيە ئىچىدىكى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەرگىچە تارقىتىلغان. جەمئىي ئۈچ سان چىقىرىلغان. ژۇرنالغا مەكتەپتىكى ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرى، ئەدەبىيات كۇرۇژۇكىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېڭىدىن ئىجاد قىلغان شېئىر، ھېكايە، نەسىر، ئوچېركلىرى بېرىلگەن.

«چىرا ئەدەبىياتى». بۇ، ئەدەبىي ژۇرنال بولۇپ، 1980 - يىللارنىڭ ئالدى - كەينىدە چىرا ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى تەرىپىدىن شاپىگرافتا بېسىپ تارقىتىلغان. بۇ ژۇرنال قەرەلسىز بولۇپ، ئىككى يىلدەك داۋام قىلىپ تۆت سان چىقىرىلغان. ئەسەرلەردە ئاساسەن يېزا ئىسلاھاتى داۋامىدا يېزىلاردا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەر، دېھقانلارنىڭ خۇشاللىقى، ئارزۇسى ئىپادىلەنگەن.

«ئۈمىد چېچەكلىرى». 1980 - يىللاردا چىرا ناھىيە چىرا يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ ئەدەبىيات كۇرۇژۇكى شاپىگرافتا بېسىپ تارقاتقان، 16 كەسلەم، 32 بەت. ناھىيە ئىچىدىكى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەرگىچە تارقىتىلغان. ژۇرنالغا كۇرۇژۇك ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى بېسىش ئاساس قىلىنغان. جەمئىي ئۈچ سان چىقىرىلغان.

«ئانار چېچەكلىرى» (1). چىرا ناھىيىلىك پارتكوم، تەشۋىقات

بۆلۈمى، مەدەنىيەت ئىدارىسى تۈزۈپ 1985 - يىل 10 - ئايدا باستۇرغان ئەدەبىي ژۇرنال. 16 كەسلەم، 144 بەت. ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلغان.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىغا سوۋغا سۈپىتىدە باستۇرۇلغان بۇ ژۇرنالغا ناھىيە تەۋەسىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ۋە چىرىدا خىزمەت قىلىۋاتقان بىر قىسىم ئاپتورلارنىڭ شېئىر، ھېكايە، داستان، سەھنە ئەسەرلىرى بىرىلگەندىن باشقا كلاسسىك شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى ۋە بۇ ھەقتىكى قىسقا تەتقىقات ماقالىلىرىمۇ كىرگۈزۈلگەن. بۇ ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى مول، بەدىئىيلىكى يۇقىرى، شەكلى رەڭدار، ئېستېتىك قىممىتى يۇقىرى بولۇپ، چىرا خەلقىنىڭ جەڭگىۋار كۈرەش ھاياتى، تۇرمۇشى قىزغىن كۈيلەنگەن.

«ئانار چېچەكلىرى» (2). چىرا ناھىيىلىك پارتكوم، تەشۋىقات بۆلۈمى، مەدەنىيەت ئىدارىسى تۈزۈپ 1989 - يىل 10 - ئايدا باستۇرغان ئەدەبىي ژۇرنال. 16 كەسلەم، 172 بەت. ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلغان.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 35 يىللىقىغا سوۋغا سۈپىتىدە باستۇرۇلغان بۇ ژورنالدا «بېغىشلىما ۋە تەبرىكلەر»، «ئەدەبىي ئاخباراتلار»، «ھېكايىلەر»، «شېئىرىيەت گۈلزارى»، «نەسرلەر»، «سەھنە ئەسەرلىرى»، «ئوبزور ۋە ماقالىلەر»، «چەت ئەل ئەدەبىياتى»، «ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇر» قاتارلىق سەھىپىلەر ئورۇن ئالغان بولۇپ، ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى مول، بەدىئىيلىكى يۇقىرى، شەكلى ئۆزگىچە بولۇپ، چىرا خەلقىنىڭ جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش روھى، ئۆز يۇرتىنى گۈللەندۇرۇش يولىدىكى قەھرىمانلىق ئىش - ئىزلىرى بەدىئىي يول بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

«ئانار چېچەكلىرى» (3). چىرا ناھىيىلىك پارتكوم، تەشۋىقات بۆلۈمى، مەدەنىيەت ئىدارىسى تۈزۈپ 1994 - يىل 5 - ئايدا باستۇرغان. 16 كەسلەم، 188 بەت، ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلغان.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 45 يىللىقىغا

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى


سوۋغا سۇپىتىدە باستۇرۇلغان بۇ ساندا «بېغىشلىمىلار»، «ھېكايىلەر»، «شېئىرلار»، «نەسرلەر»، «ئەدەبىي ئاخباراتلار»، «سەھنە ئەسەرلىرى»، «كلاسسىك ئەدەبىياتتىن»، «ساتىرا ۋە يۇمۇر»، «ئوبزور ۋە ماقالىلەر»، «ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار» قاتارلىق سەھىپىلەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىدە چىرا خەلقىنىڭ جاسارىتى، ئارزۇ - ئارمىنى، شادلىقى، خۇشاللىقى، چىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى مۇئەييەن دەرىجىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئەسەرلەرنىڭ بەدىئىيلىكى يۇقىرى، مەزمۇنى مول.

«ئانار چېچەكلىرى» (4). چىرا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تۈزۈپ 1999 - يىلى 10 - ئايدا باستۇرغان. ئەدەبىي ژۇرنال، 16 كەسلەم، 96 بەت، ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلغان.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىغا سوۋغا سۇپىتىدە باستۇرۇلغان بۇ ژۇرنالدا «ماقالىلەر»، «ھېكايىلەر»، «شېئىرلار»، «سەھنە ۋە ئېكراندا»، «ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇر» قاتارلىق سەھىپىلەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان. دۆلىتىمىز قۇرۇلغان 50 يىلدىن بۇيانقى چىرا خەلقىنىڭ پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا ئىسلاھات، ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىش داۋامىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى، سوتسىيالىستىك زامانىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ شانلىق نەتىجىلىرى، چىرا خەلقى بېسىپ ئۆتكەن مۇشەققەتلىك كۈرەش ئىزلىرى، تىللاردا داستان بولغىدەك ئاجايىپ قەيسەر روھى خىلمۇخىل ژانىردىكى ئەدەبىي ئەسەرلەر ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىلگەن.

«نىيا ئەدەبىياتى». ئەدەبىي ژۇرنال. 16 كەسلەم، شاپىگراف باسمىسى. نىيا ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى بېسىپ تارقاتقان، 1977 - يىلدىن 1980 - يىلىغىچە ھەر يىلى بىر سان ئىشلەنگەن.

بۇ ژۇرنالغا شائىر مەتقاسىم مەتنىياز ۋە مەتقاسىم ئەكرەم، سىدىق كېرەم، ئەنۋەر مەتسەيدى قاتارلىقلارنىڭ شېئىرىي ئەسەرلىرى ۋە بىر قىسىم خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر ئەسەرلەر كىرگۈزۈلگەن. ژۇرنال 42 بەتلىك بولۇپ، ھەر ساندا 30 پارچە ئەتراپىدا ئەسەر ئېلان

قىلىنغان.

«نىيا ناخشىلىرى». نوتىلىق ناخشا توپلىمى. 16 كەسلەم، شاپىگراف باسمىسى. نىيا خەلق ناخشىلىرىنى توپلاش - رەتلەش گۇرۇپپىسى 1982 - يىل 6 - ئايدا تۈزۈپ تارقاتقان، تېكىستىنى مەتقاسىم مەتنىياز رەتلىگەن، نوتىسىنى مۇھەممەد قادىر خاتىرىلىگەن. توپلامغا نىيا خەلق ناخشىلىرىدىن 41 پارچە، ئىجادىي ناخشىدىن تۆت پارچە كىرگۈزۈلگەن.

«مەرىپەت گۈلدەستىلىرى». ئەسلىمە، ماقالە، ئەدەبىي ئەسەرلەردىن تۈزۈلگەن ئۇنىۋېرسال ژۇرنال. 1991 - يىلى «قەشقەر گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا 16 كەسلەم قىلىپ باستۇرۇلۇپ، ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلغان.

ژۇرنال چىرا ناھىيىسى گۈلاخما يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىغا بېغىشلانغان بولۇپ، مەكتەپنىڭ 30 يىل جەريانىدا بېسىپ ئۆتكەن شانلىق مۇساپىسى، پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئەسلىمىلىرى، بىر قىسىم ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپ ۋە ئوقۇتقۇچىلارنى مەدھىيىلەپ يازغان ئەدەبىي ئەسەرلىرى ئارقىلىق مەكتەپنىڭ 30 يىللىق مەرىكىسىگە سوۋغا سۈپىتىدە سۇنۇلغان.

«ئانار دىيارىدىكى مەرىپەت بۆشۈكى». ئەدەبىي ئەسەرلەر، ئەسلىمىلەردىن تۈزۈلگەن ئۇنىۋېرسال ژۇرنال. 1996 - يىل 6 - ئايدا «شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا 94 بەت، 16 كەسلەم قىلىپ باستۇرۇلۇپ، ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلغان.

بۇ، چىرا ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىغا بېغىشلانغان ئۇنىۋېرسال ژۇرنال بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ماقالە، ئەدەبىي ئەسەر، ئەسلىمىلەردە چىرا ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلغاندىن تارتىپ بېسىپ ئۆتكەن جاپالىق، شانلىق مۇساپىلەر شائىرانە تىل، جانلىق ئوبرازلار ئارقىلىق ئەسلەنگەن.

«تەكلىماكانلىقلار». 1998 - يىلى باستۇرۇلغان. 318 بەت، 32 كەسلەم.

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە ئۆلىمالار ئامبىرى



بۇ توپلامغا چىرا ناھىيىسىدە ئىشلەۋاتقان، چىرىدا تۇغۇلغان ئاپتورلارنىڭ چىرىدىكى ئۆزگىرىشلەر، چىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن ئىشلىگەن تۆھپىكارلار توغرىسىدا يازغان ئەدەبىي ئاخباراتلىرى جەم قىلىنغان بولۇپ، ئاساسلىقى چىرا «جەڭگىۋار ئۈستىڭى» نىڭ ياسىلىش جەريانى، يېزا يوللىرىغا ماي ياتقۇزۇش، قۇمنى تىزگىنلەش، يېتىم باللار پاراۋانلىق مەركىزىنىڭ بىنا قىلىنىشى، يەنە سەھىيە، مائارىپ، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، يېزا ئىگىلىك، بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشقان شەخسلەرنىڭ ئىش - ئىزلىرى جانلىق، تەسىرلىك، بەدىئىي يول بىلەن يورۇتۇپ بېرىلگەن.

«قۇم دېڭىزىدىكى مەرىپەت بۆشۈكى». ئەدەبىي ژۇرنال. 96 بەت، 16 كەسلەم، ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلغان.

بۇ ژۇرنال چىرا ناھىيىسى دامىكۇ يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن چىقىرىلغان ئەدەبىي ئۇنۋېرسال ژۇرنال بولۇپ، ئۇنىڭدا دامىكۇ ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ قۇرۇلۇش ئەھۋالى، بېسىپ ئۆتكەن 30 يىل جەريانىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن شانلىق نەتىجىلەر، مەكتەپنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قىسقىچە ئىش - ئىزلىرى تونۇشتۇرۇلغان، ئەسلىمىلەر بېرىلگەن. دامىكۇ يەننىي مائارىپىنىڭ پەيدا بولۇش ۋە ئۇنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان تارىخىي شەخسلەر ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىنغان. مەكتەپنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى جانلىق، تەسىرلىك قىلىپ تونۇشتۇرۇلغان.

«قاراقاش ئەدەبىياتى». ژۇرنال. ژانىرى شېئىر ۋە ھېكايىلەر. قاراقاش ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى تەرىپىدىن 1974 -، 1975 -، 1976 - يىللىرى ئىشلەنگەن. 16 كەسلەم، 40 بەتتىن 60 بەتكىچە. شائىر جاپپار رېھىمى شاپىگرافتا بېسىپ تۇپلەپ تارقىتىدىغان بۇ ژۇرنال يىلىغا ئۈچ ياكى تۆت سان چىقىرىلغان.

ژۇرنالدا جاپپار رېھىمى، مۇھەممەتئىمىن قۇربان، ياقۇپ مەڭلىك، توختىپاسار جۇمە، ئابدۇخالىق ئىسمائىل، مەتتۇرسۇن نىياز، قادىرھاجى قاتارلىق شائىر، يازغۇچى، ھەۋەسكارلارنىڭ

شېئىر - ھېكايە قاتارلىق ژانىرلاردىكى ئەسەرلىرى بېسىلغان. توپلانغان ئەسەرلەرنىڭ ئاز - كۆپلىكى ژۇرنالنىڭ بەت سانىنى بەلگىلىگەن. مەدەنىيەت مىنىستىرلىقىنىڭ سابىق مىنىستىرى، مەشھۇر يازغۇچى ۋاڭ مېڭنى بۇ ژۇرنالغا بېسىلغان يالاڭ ئاياغ دوختۇرلار تېمىسىدىكى بىر ھېكايە (ئاپتورى مۇھەممەتئىمىن قۇربان) ئىنتايىن قىزىقتۇرغان ھەم ۋاڭ مېڭ ئاپتورنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت مەسىلىلىرى ئۈستىدە پىكىرلەشكەن.

«يۇرۇڭقاش ۋادىسىدىكى مەرىپەت بۇلىقى». 1996 - يىل 9 - ئايدا لوپ ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەشكە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن تەييارلىنىپ باستۇرۇلغان. 16 كەسلەم، 134 بەت. ئۇنىڭغا خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە، لوپ ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىرى لوپ ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەپ يازغان بېغىشلىمىلار، لوپ ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە خىزمەت قىلغان ۋە ئوقۇغان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئەسلىمىلىرى، لوپ ناھىيىسىدىكى بىر قىسىم يازغۇچى، شائىر ۋە ھەۋەسكارلارنىڭ مەكتەپنىڭ 40 يىللىق تويىغا ئاتاپ يازغان تۈرلۈك ژانىردىكى ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلگەن ھەم 40 يىلدىن بۇيان مەكتەپتە ئىشلىگەن بارلىق ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى ۋە سۈرىتى، تۆھپىكار ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئېرىشكەن تۈرلۈك شان - شەرەپلىرى، مەكتەپنىڭ تەرەققىياتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ستاتىستىكا جەدۋىلى كىرگۈزۈلگەن.

«يۇرۇڭقاش ۋادىسىدىكى بۇركۈت ئۇۋىسى». 1998 - يىل 9 - ئايدا لوپ ناھىيىسى يۇرۇڭقاش ئوتتۇرا مەكتىپى تەرىپىدىن تەييارلىنىپ ئىشلەنگەن ئۇنىۋېرسال قەرەلسىز ژۇرنال. 138 بەت، 16 كەسلەم. ئۇنىڭغا يۇرۇڭقاش ئوتتۇرا مەكتىپى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلەپ، لوپ ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى، يۇرۇڭقاش بازارلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى رەھبەرلىرى يازغان بېغىشلىمىلار، يۇرۇڭقاش ئوتتۇرا مەكتىپىدە خىزمەت قىلغان ۋە ئوقۇغان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئەسلىمىلىرى،

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



لوپ ناھىيىسىدىكى يازغۇچى، شائىر ۋە ھەۋەسكارلارنىڭ يورۇڭقاش ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ 40 يىللىق تويىغا ئاتاپ يازغان ھەر خىل ژانىردىكى ئەسەرلىرى، يورۇڭقاش ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ 40 يىلدىن بۇيانقى تەرەققىياتىنىڭ ستاتىستىكا جەدۋەللىرى كىرگۈزۈلگەن.

«قاشتېشى دىيارىدىكى مەرىپەت بۇلىقى». ئۇنىۋېرسال خاتىرە ژۇرنال. خوتەن ۋىلايەتلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىق تويىغا بېغىشلىنىپ ئىچكى نومۇر بىلەن 115 بەتلىك چىقىرىلغان بۇ ژۇرنالغا دۆلەت رەھبەرلىرىدىن سەيپىدىن ئەزىزى، ئىسمايىل ئەھمەد ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمايىل تىلىۋالدىنىڭ بېغىشلىمىسى بېرىلگەن.

1953-يىلى قۇرۇلۇپ يېرىم ئەسىرلىك ئوقۇتۇش مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتكەن بۇ مەكتەپنىڭ 2003-يىلى ئۆتكۈزۈلگەن 50 يىللىق تويىغا ئاتاپ چىقىرىلغان بۇ ژۇرنالغا مەكتەپنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇن قۇرۇلۇشىنىڭ ھەرقايسى مەزگىللەردىكى تەرەققىياتى، مەكتەپ چوڭ ئىشلار خاتىرىسى، ئوقۇتقۇچىلار ۋە مەكتەپداشلار ئەسلىمىسى، شېئىر ۋە نەسرىي ئەسەرلەر بولۇپ 46 پارچە ماقالە-ئەسەر، 150 پارچىدىن ئارتۇق سۈرەت، تۆت پارچە جەدۋەللىك ئۇچۇر قاتارلىقلار بېرىلگەن. بۇ ژۇرنال مۇھىم ماتېرىيال قىممىتىگە ئىگە.

«قاراقۇرۇم ئېتىكىدىكى مەرىپەت بۇلىقى». ئۇنىۋېرسال خاتىرە ژۇرنال. گۇما ناھىيىلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىق (2003 — 1953) تويىغا بېغىشلىنىپ ئىچكى نومۇر بىلەن 94 بەتلىك قىلىپ چىقىرىلغان بۇ ژۇرنالغا 14 سەھىپىلىك مەزمۇنىدىكى ماقالە ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەر، 170 پارچىدىن ئارتۇق كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنىڭ سۈرەتلىرى، تەرجىمىھال ھەم مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ماتېرىياللار بېرىلگەن.

«بۇغراقۇم باغرىدىكى نۇر بۇلاق». 2002 - يىل 9 - ئايدا لوپ ناھىيىسى دول يېزىلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ تەرىپىدىن چىقىرىلغان. 96 بەت، 16 كەسلەم.

بۇ ژۇرنالغا دۆلەت يېزىلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلەپ، لوپ ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى، دۆلەت يېزىلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى، لوپ ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىدىكى رەھبەرلەرنىڭ يازغان بېغىشلىمىلىرى، دۆلەت يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە 30 يىلدىن بۇيان خىزمەت قىلغان ۋە ئوقۇغان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئەسلىمىلىرى، لوپ ناھىيىسىدىكى يازغۇچى، شائىر ۋە ھەۋەسكارلارنىڭ دۆلەت يېزىلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 30 يىللىق تويىغا ئاتاپ يازغان ھەر خىل ژانىردىكى ئەسەرلىرى، 30 يىلدىن بۇيان دۆلەت يېزىلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىشلىگەن ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى ۋە سۈرىتى، دۆلەت يېزىلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 30 يىللىق تەرەققىياتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ستاتىستىكا جەدۋىلى كىرگۈزۈلگەن.

«ئۈمىد چېچەكلىرى». كېرىيە ناھىيىلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ تەرىپىدىن تۈزۈلگەن پەسىللىك ژۇرنال بولۇپ، 24 بەت، 16 كەسلەم. بۇ ژۇرنال ھازىرغىچە جەمئىي ئۈچ سان چىقىرىلىپ، ئۇنىڭدا «ھېكايىلەر»، «سۆز ئويۇنى ۋە يۇمۇرلار»، «شېئىرلار»، «نەسرلەر»، «مۇھاكىمە ماقالىلىرى»، «كەشپىيات مۇنبىرى» قاتارلىق سەھىپىلەر بويىچە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى كەڭ ھەۋەسكار ئوقۇغۇچىلارنى ئاساس قىلغان ھالدا مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلار ۋە كەڭ جەمئىيەتتىكى ھەۋەسكار ياشلارنىڭ ئەسەرلىرى بېرىلگەن.

«كۆكبۆلاق». ئەدەبىي ژۇرنال. كېرىيە ناھىيىلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ قەرەلسىز ژۇرنىلى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسىنىڭ ئىچكى ماتېرىياللارنى بېسىشقا رۇخسەت قىلىش ئىجازەتنامە نومۇرى: 291 — (2005).

2005 - يىل ئەتىيازدا كەڭ ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشكەن «كۆكبۆلاق» نىڭ بۇ تۇنجى سانىدا ئالىم، ئەدىب ئىمىن تۇرسۇننىڭ مەخسۇس بېغىشلىما ماقالىسى، ئەدىبلەردىن ئابدۇقادىر قارلۇق، ئابدۇرېشات مۇساجان توغرۇل، ئوبۇل ھاشىم، مەتكېرەم ئىسمايىل،

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى


مەتتۇرسۇن سۇلايمان، مۇھەممەتئەيسا قۇربان، ئابدۇخالىق مەتتۇرسۇن قاتارلىق 33 كىشىنىڭ ھەر خىل ژانىرلاردا يېزىلغان ئەدەبىي ئەسەرلىرى بېرىلگەن. بۇ ژۇرنال ھازىرغىچە پەسىللىك بولۇپ، ئۈزۈلۈپ قالماي چىقىۋاتىدۇ.

«كۆكبۇلاق» تىكى بىر قىسىم ئىلمىي ئەسەرلەرنىڭ بەدىئىيلىكى يۇقىرى، زىيارەت ۋە ئەدەبىي خاتىرىلەر مول ماتېرىياللىق قىممەتكە ئىگە بولۇپ، كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن.

«بورانچى ۋادىسىدىكى نۇرلۇق مەشئەل». تەزكىرە - ئەدەبىيات ئۇنىۋېرسال ژۇرنىلى. خوتەن ناھىيە خانئېرىق يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتىپى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 45 يىللىقىنى تەبرىكلەشكە تەييارلىق قىلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ 2004 - يىلى باستۇرۇلغان.

بۇ ژۇرنال 1959 - يىل قۇرۇلغان خانئېرىق يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ 45 يىللىق ئوقۇتۇش، تەلىم - تەربىيە مۇساپىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان 13 پارچە ماقالە ۋە ئەسلىمىنى، «باغۋەنلەر ئالبومى» نى، «مەكتەپ يىلنامىسى» نى ۋە 11 پارچە ئەدەبىي ئەسەر، ئىككى پارچە ئوقۇتۇش تەتقىقاتىغا ئائىت ماقالىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ژۇرنالنىڭ بېشىغا خوتەن ناھىيىسى ۋە مائارىپ تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى يازغان بېغىشلىمىلار بېرىلگەن.

【قوشۇمچە】

«خوتەن گېزىتى» نىڭ 1939-يىلىدىن 1950-يىلىغىچە ئومۇمىي ئەھۋالى

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ مەركىزى — ئىلچىدە 1939-يىلى «خوتەن شىنجاڭ گېزىتى» نەشر قىلىنغان. بۇ، خوتەن ۋىلايىتى بويىچە ئەڭ دەسلەپكى گېزىت بولۇپ، بۇنى ۋەلىخان ئىمىنوف دېگەن كىشى شاپىگرافتا چىقارغان. ھەجىمى سەككىز كەسلەملىك، ئىككى بەت چوڭلۇقتا ئىدى. جاللات شېڭ شىسەي 1940-يىلى ۋەلىخان ئىمىنوفنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچىدىن ھاجى ياقۇپ يۈسۈپى بېرىپ، بۇ گېزىتكە مەسئۇل بولغان ۋە مىخ مەتبەئەدە سەككىز كەسلەم، تۆت بەتلىك قىلىپ چىقارغان. مۇھەررىرلىرى يۈسۈپ

سەئىدى، بىلال ئەزىزىلەر ئىدى.

1941-يىلىنىڭ ئاخىرىدا ھاجى ياقۇپمۇ قولغا ئېلىنىپ، بۇ گېزىتكە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەخپىي ئەزاسى ماشۆ مەسئۇل بولغان. بۇ چاغدا «خوتەن شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ خەنزۇچىسىمۇ نەشر قىلىنىپ، شاپىگرافتا ئىككى بەتلىك، ھەپتىسىگە ئىككى سان چىقىرىلدى؛ ئۇيغۇرچىسى ئاۋۋالقىدەك سەككىز كەسلەم، تۆت بەتلىك بولۇپ مىخ مەتبەئەدە بېسىلىۋەردى، ئەمما بۇمۇ ھەپتىسىگە ئىككى سان چىقاتتى. مۇھەررىرلىرى يەنىلا يۈسۈپ سەئىدى، بىلال ئەزىزىلەر ئىدى.

1942-يىلى ماشۆ خەنزۇچە «شىنجاڭ گېزىتى» ئەدەبىيات بېتىنىڭ مۇھەررىرلىكىگە تەيىنلىنىپ ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كېتىلگەندىن كېيىن، «خوتەن شىنجاڭ گېزىتى» گە يۈسۈپ سەئىدى مەسئۇل بولدى، خەنزۇچىسىغا دىڭ باۋشەن مەسئۇل مۇھەررىر بولدى. گېزىتنىڭ خەلقئارا ۋە مەملىكەت خەۋەرلىرى ئاساسەن تا س س دىن، شىنخۇا ئاخبارات ئاگېنتلىقىدىن، قوشۇمچە «جۇڭيائگشې» ئاگېنتلىقى[1] دىن ئېلىناتتى (يەرلىك خەۋەرلەرنى گېزىتخانا مۇخبىرلىرى ۋە ئىختىيارىي مۇخبىرلار يازاتتى). ماي بايرىمى، ئۆكتەبىر ئىنقىلابى بايرىمى قاتارلىق چوڭ بايراملاردا، بۇ گېزىتكە ئۈرۈمچىدىن سىنكىغا ئېلىپ ئەۋەتىلگەن ماركس، ئېنگلس، لېنىن، ستالىنلارنىڭ سۈرەتلىرى بېسىلاتتى؛ ماركسىزم-لېنىنىزم ۋە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى تونۇشتۇرۇلغان ماقالىلەر «شىنجاڭ گېزىتى» دىن كۆچۈرۈپ بېسىلاتتى. بۇ گېزىتكە يەنە جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ خىتابنامىسى، سوۋېت-گېرمان ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئېلان قىلىنغان ستالىننىڭ نۇتۇق ۋە خىتابنامىلىرىمۇ بېسىلغان. ئۇ چاغلاردا بىرلىك سەپ — گومىنداڭ بىرلىكى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىك سەپ تەشۋىق قىلىناتتى، كومپارتىيە ياكى گومىنداڭنى ماختايدىغان ۋە ياكى تىللايدىغان خەۋەر - ماقالىلەر بېسىلمايتتى؛ سوۋېت-گېرمان

[1] گومىنداڭ ئاخبارات ئاگېنتلىقى.

ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى



ئۇرۇشى ۋە جوڭگو-ياپون ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىلىرى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر، يەرلىك ئاپتورلارنىڭ «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» نى مەدھىيىلەيدىغان ماقالىلىرىمۇ بېسىلاتتى.

1943-يىلى شىنجاڭدا جۇملىدىن خوتەندە گومىنداڭ ھاكىمىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، گېزىتنىڭ نامى «خوتەن گېزىتى» گە ئۆزگەرتىلدى ۋە ئۇنىڭ تەشۋىقات نىشانىمۇ پۈتۈنلەي ئۆزگەردى. گېزىتكە ئاساسەن گومىنداڭنى تەشۋىق قىلىدىغان، «سەنمىنجۇيى» نى ۋە جياڭ جيېشىنىڭ «جوڭگونىڭ تەقدىرى» ناملىق ئەسىرىنى شەرھلەيدىغان ماقالىلەر، گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ ئۇرۇش خەۋەرلىرى بېسىلىدىغان بولدى؛ يەنە «شىنجاڭ گېزىتى» دىن كوممۇنىستىك پارتىيىنى، سوۋېت ئىتتىپاقىنى تىللايدىغان ماقالىلەر كۆچۈرۈپ بېسىلدى. يەرلىك خەۋەرلەردىن باشقا، خەلقئارا خەۋەرلەر ۋە مەملىكەت خەۋەرلىرىنىڭ ھەممىسى «جوڭيانگشې» ئاگېنتلىقى ۋە «يېڭى دېھلى»[1] ئاگېنتلىقىدىن ئېلىنىدىغان بولدى (تەرجىمانلار تەرجىمە قىلىپ بېرىدۇ، ئەلۋەتتە).

1946-يىل گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا «11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى» ئىمزالانغاندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى يەرلىك گېزىتلەر جۈملىدىن «خوتەن گېزىتى» مۇ «تىنچلىق بىتىمى» نى تەشۋىق قىلىش ۋە گومىنداڭغا قارشى كۈرەش قىلىشنىڭ مۇھىم سەھنىسى بولۇپ قالدى. شۇڭا، 1946-يىل 7-ئايدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى «مالىيەدە قىيىنچىلىق بار» دېگەننى باھانە قىلىپ، بۇ گېزىتنى نەشر قىلىنىشتىن توختاتقانلىقىنى ئۇقتۇردى. ئەمما، «خوتەن گېزىتى» نىڭ ئۇيغۇرچىسى خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى، قوشۇمچە خوتەن ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى («بىتىم» مەزگىلىدە رەسمىي ھاكىملىققا سايلانغان) ئابدۇقادىر ھەسەن، ئۇيۇشمىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەبەيدۇللا ھاجى،

---

[1] ھىندىستان ئاخبارات ئاگېنتلىقى.

ۋىلايەتلىك سودا-سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ باشلىقى ئابلىز خوجاڭ قـاتـارلىق مەرپەتپەرۋەر كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بېرىشى بىلەن داۋاملىق نەشر قىلىنىۋەردى. بۇ چاغدىمۇ گېزىتنىڭ بـاش مـۇھـەررىرى يۇسۇپ سەئىدى ئىدى. گېزىتنىڭ بۇ چاغدىكى ئـاساسىي تەشۋىقات نىشانى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى ۋە «تىنچلىق بـىـتـىـمـى» نى تەشۋىق قىلىش، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ «تـىـنچلىق بىتىمى» گە ۋە دېموكراتىيىگە قارشى ھەرىكەتلىرىنى، گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ زورلۇق-زومبۇلۇقلىرىنى پاش قىلىشتىن ئىبارەت بولدى.

1947-يىلى ئەتىيازدا «تىنچلىق بىتىمى» بۇزۇلغاندىن كېيىن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئابدۇقادىر ھەسەننى قولغا ئالدى، يۇسۇپ سەئىدى ئۈرۈمچىگە قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن، «خوتەن گېزىتى» 1947-يىل 4-ئايدىن تارتىپ نەشر قىلىنىشتىن تـوخـتـاپ قالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، خوتەندىكى ئىلغار تەشكىلات «ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى» (مەخپىي ھالەتتىكى) نىڭ ئەزالىرى ۋە باشقا ئىلغار ياشلارنىڭ قاتتىق تەلەپ قىلىشى، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى نۇر بەگ (خې دوڭباڭ) نىڭ تەستىقلىشى بىلەن، ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمىدە «بىرلىك» (统一报) ناملىق گېزىت نەشر قىلىندى. بۇمۇ بۇرۇنقى مىخ مەتبەئەدە، سەككىز كـەسـلـەم تـۆت بـەتـلـىـك قـىـلـىـپ بېسىلدى. گېزىتنىڭ باش مـۇھـەررىـرلـىـكـىگە ئىمىن تۇرسۇن (كېرىيە ناھىيىسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن ھاكىمى) تەيىنلەندى. لېكىن، بۇ گېزىت ئىككى-ئۈچ سان چـىـقـار-چـىـقمايلا، 1947-يىل 7-ئايدا گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچى دائىرىلىرى ئومۇمىيۈزلۈك «تازىلاش» ئېلىپ بېرىپ، ۋىلايەت مەركىزى ئىلچىنىڭ ئۆزىدىلا 80 نەچچە ئىلغار ياشنى قولغا ئالدى، شۇ قاتاردا ئـىـمـىـن تۇرسۇنمۇ قولغا ئېلىندى. «بىرلىك» گېزىتىنىڭ باش مـۇھـەررىرلىكىنى ۋالىي نۇر بەگ، مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلىكىنى ۋىلايەتلىك «مىنجياۋگوەن» (خەلق ئاقارتىش يۇرتى) نىڭ باشلىقى قۇربانجان ئابدۇۋەلى ئۈستىگە ئالدى. ئۇلار گېزىتنىڭ ئەسلىدىكى

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى



دېمـوكـراتـىك خـاراكـتـېرىنى پۇتۇنلەي ئۆزگەرتىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى دائىرىلىرىنىڭ تەشۇنقات قورالىغا ئايلاندۇردى. شۇنىڭ بىلەن، بۇ گېزىت كوممۇنىستىك پارتىيىگە ۋە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قـارشـى مەيدانغا ئۆتۈپ، ئوسمان باندىتىنىڭ ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى ئىسيان كۆتۈرگەنلىكىنى، مەسئۇد، ئەيسالارنىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىـقـقـانـلـىـقىنى ئاشكارا قوللىدى شۇنداقلا نۇر بەگنىڭ ئۆزىنى ماختايدىغان شەخسىي گېزىتى بولۇپ قالدى.

1948-يىل 4-ئايدىن كېيىن، «بىرلىك» گېزىتىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلىكىگە ۋىلايەتلىك باج ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئابلىمىت موللايى تەيىنلەندى؛ ئاندىن ئۇ، جاپپار ئەمەتنى تۇرمىدىن بوشىتىپ ئـەپچىقىپ، گېزىتنىڭ تەھرىرلىكىگە قويدى. بۇ چاغدا «بىرلىك» گېزىتىنىڭ كومپارتىيىگە، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارشى مۇقامى بىر ئاز پەسەيگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا گومىنداڭنى، خې دۇڭباڭنى (نۇر بەگنى) ماختايدىغان قورال بولۇپ قېلىۋەردى. 1948-يىلىنىڭ ئـاخـىـرىـدا ۋالـىـي سـايـلـىـمـى بولغاندا، نۇر بەگ ۋالىيلىقتىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، «بىرلىك» گېزىتىمۇ توختىدى.

1949-يـىـل 7-ئايدا خوتەن ۋىلايىتىدە «ئۆلكىلىك تەشۇنقات ھەيئىتى» نىڭ قارىمىقىدا «ياشلارنىڭ جەمئىيەتكە خىزمەت قىلىش ئىدارىسى» (چىڭنيەن شېخۇي فۇۋۇشې) قۇرۇلدى. بۇ ئىدارىنىڭ بـاشـلـىقلىقىغا ئابلىمىت موللايى، باش گەنسىلىكىگە (1949-يىل 9-ئايدىن كېيىن) جاپپار ئەمەت تەيىنلەندى. ئاندىن بۇ ئىدارىنىڭ مـەدەنـىيەت بـۆلـۈمى يېـتەكچىلـىكـىـدە «تەكـلـىـمـاكـان گـۈلى» (荒海之花) ناملىق گېزىت نەشر قىلىندى. بۇ گېزىتمۇ بۇرۇنقى مىخ مەتبەئەدە بېسىلىپ، ھەپتىسىگە ئىككى سان، ئىككى بەتلىك قىلىپ چىقىرىلدى. بۇ گېزىتنىڭ باش مۇھەررىرى يەنىلا ئابلىمىت مـولـلايـى، مۇھەررىرلىرى جاپپار ئەمەت، ئابدۇقادىر تۇردىھاجىلار بـولـدى. گېزىتكە بېسىلىدىغان مەملىكەت خەۋەرلىرى ۋە خەلقئارا خەۋەرلەر گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ خوتەندە تۇرۇشلۇق 8-پولكىنىڭ سىياسىي باشقارمىسىدىن ئېلىنغان «جۈڭياڭشې» خەۋەرلىرى بولۇپ،

بۇ خەۋەرنى مەزكۇر سىياسىي باشقارما ئۆزى تەرجىمە قىلدۇرۇپ ئەۋەتىپ بېرەتتى. بۇ خەۋەرلەرنىڭ مەزمۇنى ئاساسەن گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ «غەلىبىسى»، كوممۇنىستلارنىڭ «مەغلۇبىيىتى» قاتارلىق ئىنتايىن ئەكسىيەتچى گەپلەردىن ئىبارەت ئىدى. ئەمما، يەرلىك خەۋەرلەر نورمال بولۇپ، ھەر ساھەدىكى نەتىجىلەر توغرىسىدا يېزىلغان خەۋەرلەر، ئاندىن قالسا ئەدەبىيات بېتى بېرىلەتتى.

1949-يىل 9-ئاينىڭ ئاخىرىدا، شىنجاڭنىڭ تىنچ ئازاد بولغانلىقى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، «تەكلىماكان گۈلى» ئۆزىنىڭ تەشۋىقات نىشانىسىنى ئۆزگەرتتى. خوتەن دارىلمۇئەللىمىنىدە «ئىلمىي گۇرۇپپا» قۇرۇلۇپ، «تەكلىماكان گۈلى» مۇشۇ گۇرۇپپىنىڭ رەھبەرلىكىدە نەشر قىلىنىشقا باشلىدى. بۇ چاغدىكى گېزىتتە شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغانلىقى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشى، ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ خىتابنامىسى كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىندى. «تەكلىماكان گۈلى» گېزىتىنىڭ مۇشۇ مەزگىلدىكى رولى زور بولدى.

1950-يىل 1-ئايدا «ياشلارنىڭ جەمئىيەتكە خىزمەت قىلىش ئىدارىسى» ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، گېزىتمۇ نەشردىن توختىتىلدى. شۇ يىلى 3-ئايدا ئازادلىق ئارمىيە 15-پولكىنىڭ سىياسىي كومىسسارى خۇاڭ چىڭنىڭ تەشەببۇسى بىلەن، ھەربىي ئىدارە قىلىش ھەيئىتى «يېڭى خوتەن گېزىتى» نەشر قىلىشنى قارار قىلدى، بۇ گېزىت 4-ئايدىن باشلاپ رەسمىي بېسىلدى. بۇ گېزىتمۇ بۇرۇنقى مىخ مەتبەئەدە، سەككىز كەسلەملىك تۆت بەت، ھەپتىدە ئىككى سان چىقىرىلدى. گېزىتخانىنىڭ باشلىقى ئەمەت قۇربان؛ باش مۇھەررىرى جاپپار ئەمەت، ھۇشۇر نىيازلار؛ مۇھەررىرلىرى ئابدۇقادىر يۇسۇپ، زۇنۇن رۇستەم، نۇرمۇھەممەت قۇربان، پەخرىدىن يۇنۇسلەر بولدى. كېيىن، خوتەن ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتى قۇرۇلۇپ، گېزىتخانىنىڭ باشلىقلىقىغا شۇ ۋاقىتتىكى ۋىلايەتلىك ياشلار ئىتتىپاقى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى مامۇت نىياز بەلگىلەندى، 1952-يىلى قەشقەر گېزىتخانىسىدىن ياسىن سىدىق يۆتكەپ كېلىنىپ

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولیازمىلار ئامبىرى



باش مۇھەررىرلىككە قويۇلدى، جاپپار ئەمەت مۇئاۋىن باش مۇھەررىر بولدى.

1954-يىل 7-ئايدا خوتەن ۋە ئاقسۇ گېزىتلىرى قەشقەردە نەشر قىلىنىدىغان «جەنۇبىي تيانشان» گېزىتىگە بىرلەشتۈرۈۋېتىلدى. 1958-يىلى قايتىدىن «خوتەن گېزىتى» نەشر قىلىنىپ، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئىككى خىل يېزىقتا چىقىرىلدى. بۇ گېزىت تۆت كەسلەملىك تۆت بەت (چوڭ تۆت بەت) ھەجىمدە، ھەر ئىككى كۈندە بىر سان چىقىۋاتىدۇ.

سۆزلەپ بەرگۈچىلەر: ھاجى ياقۇپ يۈسۈپى، جاپپار ئەمەت

